چىمەنگۈل ئاۋۇت

# قىساس غۇنچىسى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ



ISBN 7-228-06295-7
9 787228 062959 >

ISBN 7-228-06295-7
I·2270(民文)定价:4.50元

15
1227
88

# قىساس غۇنچىسى

( داستان، شېئىرلار )

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

复仇的美女:维吾尔文/齐曼丽·阿吾提著。—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.12

ISBN 7—228—06295—7

Ⅰ.复… Ⅱ.齐… Ⅲ.诗歌 — 作品集 — 中国 — 当代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.1227

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第59581号

责任编辑:土尔尼沙·艾山
封面设计:艾克拜尔·沙力
责任校对:阿斯亚·艾合买提

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆新华书店发行
新疆福利印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本3印张
2001年3月第1版 2001年3月第1次印刷
印数:1——3,060

---

ISBN 7—228—06295—7/I·2270 定价:4.50元

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى : تۇرنىسا ھەسەن
مەسئۇل كوررېكتورى : ئاسىيە ئەخمەت

# قىساس غۇنچىسى

( داستان ، شېئىرلار )

چىمەنگۇل ئاۋۇت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092×787 م م 1/32 باسما تاۋىقى :3
2001 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2001 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى : 3,060 — 1
ISBN7—228—06295—7/I • 2270
باھاسى : 4.50 يۈەن

www.uyghurkitap.com

بۇ كىتابىمنى بىر ئۆمۈر مېنىڭ ئازاب ھەم شادلىق-
لىرىم ئۈچۈن ياشاپ كېلىۋاتقان دادام ئاۋۇت باراتقا ،
ئانام پاتەمنىسا روزىغا بېغىشلايمەن .

## مۇھەررىردىن

چىمەنگۈل ئاۋۇت 1973 - يىلى 6 - دېكابىردا قەشقەر شەھىرىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1979 - يىلدىن 1984 - يىلىغىچە قەشقەر شەھەرلىك غوجام كۆلبېشى باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1984 - يىلدىن 1991 - يىلغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تولۇقسىز ھەم تولۇق سىنىپلىرىدا ئوقۇغان.

ئۇ 1987 - يىلى «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ئاسمانغا قاراپ» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە، ئۇنىڭ 250 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. 1996 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى «تەتۈر چېقىن» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلغان. 1992 - يىلى «تەتۈر چېقىن» ناملىق باللادىسى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۇيۇشتۇرغان «ياشلىق، سۆيگۈ، غايە» تېمىسىدىكى شېئىرلار مۇسابىقىسىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

بۇ توپلامغا ئاپتورنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يازغان شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. ئۇ ھازىر قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە قەشقەر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


ئاق پوكان قارلىغىچىم تۈنىگەن ئايۋان ................ 1
سۈتلۈك ئوت ............................. 2
مۇجۇلغىنى قۇشلارنىڭ چۈشى ................ 4
ھىجران .................................. 5
تۆكۈلگەن ناخشا .............................. 6
كېچىكىش .................................. 7
گىنگانت شەبنەم .............................. 8
تام ......................................... 9
يالغۇزلۇق ................................ 10
قۇش پېيىدەك توزۇدۇڭ نېچۈن ............... 11
تۇمان گۈلى ............................... 12
تېڭىرقاش ................................. 13
يېتىملىك ................................. 14
يىراقتىكى ناتونۇش شەھەر .................. 15
قىساس غۇنچىسى ............................ 16
دېكابىرنىڭ سوغۇق كېچىسى ...................... 17
ماشىنا كۆزنىكى چېقىلسىمۇ ئاھ ................ 18
توپا ياغقان تۇمانلىق كۈندە .................. 19
يوقىلىش ................................... 20
قۇش كۆلكىسى سۈزۈك ھەم تۇتاش .............. 21
يامغۇر يېغىپ قالغان بولسا شۇ كۈنى ............ 22

قار گۈلى توزىغان يامغۇرلۇق ئاخشام ........................ 23
سۆيۈلۈش .................................................. 24
سېغىنىش ................................................. 25
يېقىنلىغۇم كەلمەس ئىشىككە ........................ 26
قايرىلغان شاخلارغا قونارمۇ قارلىغاچ ...................... 27
توي كېچىسى ........................................... 28
قېچىپ كەتكۇم كېلەر يىراققا ..................... 29
خوشلىشىش ............................................ 30
مۇزىكا شەھىرى ......................................... 31
سۇنۇق داغ ............................................... 32
رىشتە ...................................................... 33
يۇلقۇنۇش ................................................. 34
خىيالچان مۇڭلىنار بىر يۈرەك تەنها ............... 35
كۆكۈچ مانان ئىچىدە قۇياش ......................... 36
چوغنى يۇتقان بىچارە يۈرەك ........................ 37
خوش دېمەيلا كەتكىن پەرىشتەم ..................... 38
ھىجران لەززىتى ........................................ 39
سۆي شۇنى ............................................... 40
تامچىلاش ................................................ 41
ئۇچۇرما بوپ كەتتىڭ قاياققا ........................ 42
نېچۈن شۇنچە ياشلىقتۇر كۆزۈڭ ..................... 43
ئۈزۈك ـ ئۈزۈك كوچا چىرىغى ...................... 44
يىمىرىلىش ................................................ 45
چالا كۆيگەن دەردلىك تەبەسسۇم .................. 46
نېمىنى ئىزدەيسەن ئىلاھ دىلبىرى .................. 47
كىرپىكتەك تۆكۈلەر بارماق تىۋىشى ................ 48

www.uyghurkitap.com

كوچىدىكى ئايال ........................ 49
هال رەڭ پەي ........................ 53
ئىشىك سىرتىدا ........................ 65
كۈلۈمسىرەش ........................ 66
بەش بىلەن يەتتىنىڭ ئارىلىقى ........................ 67
ئۈھسىنىش ........................ 72
قاغجىراش ........................ 73
كۆز يامغۇرى ........................ 74
قورۇقدىلىپ قېلىش ........................ 75
ۋاقىت سىزىقى ........................ 76
تۇغۇلغان كۈنۈم خاتىرىسىگە ........................ 77
يوشۇرما تەبئەت ئادەملىكىمنى ........................ 78
سۈرگۈن دەرىخى ........................ 79
سېنىڭ مەھەللەڭ ........................ 80

# ئاق پوكان قارلىغىچىم تۇنىگەن ئايۋان

( مۇۋەششەھ )

ئارغىماق كىشنىشى كۆيمەكتە جىمجىت ،
ۋۇجۇدۇڭ قەھرىدىن كۆكلىسە ئارمان .
ئۇنتۇلسا سەندىكى نى ــ نى قىسمەتلەر ،
تۇيۇقسىز مېھرىڭدە سۇزۇلەر ئاسمان .
پۇرايسەن قېنىڭدا سۇغارغان گۈلنى ،
ئارامىڭ پەسلىنى قۇشلار بىلەلمەس .
تەن ئالاي ! ئەركىمنى ، تەرسالىقىمنى —
ئەبەدىي ھېچكىممۇ سەندەك سۆيەلمەس .
مېنى دەپ مۇجۇلغان سەندىكى يۈرەك ،
نەملەنگەن كىرپىكتەك تىترەيدۇ لەرزان .
ئىقلىمدا كۆمۈلۈپ قالسىمۇ بارچە ،
سۆيۈلەر ھاياتقا ، سۆيۈلەر ماڭا ،
ئاق پوكان قارلىغىچىم تۇنىگەن ئايۋان .

## سۈتلۈك ئوت

شۇ چاغلاردا
ئاپتاپپەرەس يوپۇرمىقىنى ،
چوڭ دادامغا ئۇۋۇلاپ بېرەتتىم .
چەكسە ئۇنى تاماكا قىلىپ ،
خۇشلۇقىمدىن راسا كۈلەتتىم .
قۇش پۇتىدەك بارماقلىرىمنى ،
كۆل سۈيىدە قويغاندا يۇيۇپ .
جىمجىت ئۇچۇپ كەتكۈم كېلەتتى ،
قاياقتىدۇر كىچىك قۇش بولۇپ .
ئېگىنىمدە كۆكۋاش ساقىلى ،
ئايلىناتتىم يوللارنى قويماي .
ئېلىپ قاچسام ئاسلانلىرىنى ،
قوشنىلارمۇ قالاتتى تويماي .
ئۇزۇن بولدى يېغىپ باقمىدى ،
بۇ شەھەردە بىر تېمىم يامغۇر .
هورى ئۆرلەپ تۇرغان سۈيۈقئاشقا ،
ئانا ، نېچۈن سالمىدىڭ چامغۇر ؟
يالاڭ ئاياغ ماڭغۇم بولسىمۇ ،
دېيەلمەيمەن ھېچكىمگە بۇنى .
تونۇپ قالدىم بۈگۈن تۈيۇقسىز ،

مەپە ھەيدەپ يۈرگەن يىگىتنى .
سېغىنز لايدىن كەمپۈت ياسىسام ،
سېپ قويالتتىم ئۈنىلڭ ئاغزىغا .
بۈرۈتلىرى خەت تارتىپ قاپتۇ ،
قاچالمىدىم لېكىن دالدىغا .
كۈن نۇرىمۇ چۈشمەكتە ئۇدۇل ،
يەرگە ، تامغا ، سۇمبۇل چېچىمغا .
تۇرۇپ قالدى ئۇمۇ بىر مەھەل ،
ماس كەلمىگەچ خۇيۇم يېشىمغا .
قىستىلىشار شەكىلسىز بۇ دەم ،
ئۇنتۇغۇم يوق قىلىقلىرىمنى .
يارىشىملىق كىيىمىم بىلەن ،
توسۇۋالدىم غېرىبلىقىمنى . . .




ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

## مۇجۇلغىنى قۇشلارنىڭ چۈشى

قۇتۇلغۇسىز پەرىشانلىق سويلىنار جىمجىت ،
سېزىلمەيدۇ تاملاردىكى ئازاب ۋە راھەت .
كۆلگە ئەنسىز تەلمۈرگىنى كۆزدۇر ، كۆز ئەمەس !
كۆيۈك ھىدى پۇراپ تۇرغان ئىسسىق جاراھەت .

ئەسلىمىمۇ گۈل ياپرىقى ئەمەستۇر ، لېكىن ،
تۆكۈلدۇ شىۋىرلاشلار ئەۋجىگە پىنھان .
ئالقانلاردا مۇجۇلغىنى قۇشلارنىڭ چۈشى ،
يوقتۇر ئۇندا يا چېغىر يول ۋە ياكى ئورمان . . .



# ھىجران

چۆچۈگەن كېيىكنىڭ مەسۇم كۆزىدەك —
مۆلدۈرلەپ، تەشۋىشتە ياش تۆكەر چولپان.
تولغىنىپ - تولغىنىپ ھەسرەتلىك تىنىپ،
يامغۇرلۇق يوللارنى ئەسلەيدۇ جانان.

ئەقىدە سۈيىگە چىلاشقان نۇرلار،
ئۇيۇغان ئويچان كۆز قاراقلىرىغا.
كۈز پەسلى قالدۇرغان ئاداققى ياپراق،
شىلدىرلار شامالنىڭ ئاياغلىرىدا...



www.uyghurkitap.com

## تۆكۈلگەن ناخشا

مۇئەللەقتىن تۆكۈلگەن ناخشا ،
چېكىپ ئۆتتى گىتار تارىنى .
زۇمرەت ئۈنلەر مۇڭلۇق شۇ قەدەر ،
چاقىرغاندەك يىگىت يارىنى .

يۇمران خىيال قۇندۇز تۈنلەرگە ،
ئازاب ئىچرە ئاچماقتا قۇچاق .
تاتلىق بولغاچ ئانا ئەللىيى ،
ۋىلىق ـ ۋىلىق كۆلمەكتە بوۋاق .



## كېچىكىش

ئۈزۈك ـ ئۈزۈك تەمبۇر كۈيىدەك ،
جىمجىتلىققا چۆكمەكتە شاۋقۇن .
سەرگەردان قۇش قونغان تېرەكتىن ،
چەكسىزلىككە ساقىيدۇ يالقۇن .

قاسىراقلىرى يېرىلغان يولدا ،
هورلانماقتا سۇتسىمان نالە .
رومكىلارغا تۇرار چىلىشىپ ،
تۇتام ـ تۇتام قۇرۇغان لالە .




ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## گىگانت شەبنەم

تۇپراقنىڭ تېنىدىن پۇرقىرايدۇ ھور ،
ئۆكسۈيدۇ قانىتى قايرىلغان يۈرەك .
كىرپىكلەر بەرگىدە لال بولغان شەبنەم ،
ھاياتلىق سىرىدىن بېرىدۇ دېرەك .

سۈكۈتلەر بەزلىسە سەبىي بوۋاقنى ،
خىياللار كۆزىدىن تەپچىرەيدۇ مۇڭ .
بىلمەيمەن قۇياشنىڭ قارچۇقى ئاقسا ،
يەر شارى يەنىلا چۆرگىلەرمۇ ئوك .



# تام

سوغۇق كۈلسە دەز كەتكەن چىراي ،
مۆلدۈرلەيدۇ يىتكەن سۆيۈلۈش .
ئاي قانىتى ئۈنگەن يوچۇقتا ،
غۇنچىلايدۇ يۈرەكسىمان چۈش .


سۈزۈك داغقا ئايلانسا ئۈمىد ،
غايىب جۇدۇن ئۇۋۇلىنار تالاي .
تۇمانلارغا كىيتىدۇ چۆكۈپ ،
ئاپتاپ سۇنۇپ ئولتۇرغان موماي .



## ياﻟﻐﯘﺯﻟﯘﻕ

ئارچىلار سايىسى يوقالغان جايدا ،
يېگانە تورغايدەك بوزلار يۈرىكىم .
رەڭلەنگەن كۆز ياشقا چۆمۈلگەن كۈتۈش ،
ئېھ ، سېنىڭ چۈشۈڭگە كىرمىدى بەلكىم .

ئەسەبىي شىۋىرلاش ئۇنتۇلغان دەملەر ،
جاراھەت باغرىدىن تامىدۇ تىم ـ تىم .
ياپراقلار شىلدىرى يۈتۈپ كەتكەن ئۈن ،
ئۆكسۈيسەن نېمشقا ئېيتقىنا ، سەن كىم ؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurcomp.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## قۇش پېيىدەك توزۇدۇڭ نېچۈن

چەكسىزلىكتىن ئۈنۈپ چىققان گۈل ،
قۇش پېيىدەك توزۇدۇڭ نېچۈن .
مومام سۆزلەپ بەرگەن چۆچەكنى ،
ساقلاپ قويغانىدىم سەن ئۈچۈن .

قولۇمدىكى پۇرۇچ قونچاقنى ،
قويماقچىدىم باغرىڭغا بۆلەپ .
قاقشال بولغان شاخلىرىڭ ئارا ،
مانا ئەمدى يۈرىمەن تېنەپ .

مومام قېتىق ساتقان كوچىدا ،
كۆرۈپ قالدىم سايەڭنى غۇۋا .
ئېلىپ كەتتى ئۇنى ئۇچۇملاپ ،
ئانىسىدىن ئايرىلغان بالا . . .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# تۇمان گۈلى

تۆكۈلەر كۆزۈمدىن سوغۇق ۋەھىمە ،
شارابسىز رومكىدا بۇژغۇنلار پىغان .
ئۇنتۇلغان خىيالدەك يانىدۇ يۇلتۇز ،
ئىسلاشقان تورۇسقا ئېسىلىپ ھامان .

لەيلەيدۇ ئەتراپتا رەڭدار تىنىقلار ،
چېقىلغان شىشىدىن ساقىيدۇ ئارمان .
سەنمىدىڭ ئېھ بەختسىز كۈلكەم ،
قاناتسىز ئىشككە يۆلىنىپ تۇرغان ؟



## تېگىرقاش

چۈشلىرىنى يىرتىپ ئوينار ئەسەبىي ،
كۆيۈك روھنى قۇچاقلىغان ئۆلۈك تەن .
بۇ دۇنيانىڭ يۈزىدىكى تاتۇقنى ،
سىلاپ قويۇپ كۈلۈپ كەتكەن سەنمۇ ، مەن ؟

قىسمەتلەرگە ياماق سېلىپ ھارغاندا ،
كۆزلىرىڭنى يۇمۇۋالغان بەلكىم سەن .
پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەن كۈيۈمدىن ،
ئۆزۈمنىمۇ تاپالمىدىم تېخى مەن .



www.uyghurkitap.com

## يېتىملىك

شەپقەتسىز سۆيۈلۈش بولماقتا پارە ،
پاك ھىجران شاخلىرى قايرىلغان كۈندە .
پەرىشان تەلمۈرۈپ داغلانغان ئۆلۈم ،
چاقىرار ھاياتنى تونۇش بىر ئۈندە .

بوۋاينىڭ ياشاڭغۇ كۆزىدەك قۇياش ،
تور باسقان تۈگۈلۈككە ئۇلتۇرار قونۇپ .
ئاق يېغىن ئىچىدە تىلەمچى بالا ،
ئادەمسىز كوچىغا كېلەر قول سوزۇپ .



# يىراقتىكى ناتونۇش شەھەر

دەستىلەنگەن قاتار ئۆيلەردىن ،
ئاڭلىنىدۇ غېرىب مۇزىكا .
يۈزى ئوچۇق دېرىزىلەردىن ،
تامچىلايدۇ قىرتاق لىرىكا .

تۇمانلارنى بارىدۇ سۈرۈپ ،
سۈپۈرگىلەر ھارغانغا قەدەر .
ئاپتوبۇسقا چىقار قىسىلىپ ،
ئۇيقۇسىنى ئاچالماي سەھەر .

تۆتەكلەرگە كۆمۈلسە شاۋقۇن ،
قىزىل چىراغ لەيلەيدۇ ياشنا .
قونغۇدەك شاخ تاپالمىغان قۇش ،
ھەسرەت بىلەن ئۇزايدۇ ئاستا . . .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## قىساس غۇنچىسى

هاياجان ئەۋجىدە ئازغان بۇيۇكلۇك ،
سەن مېنى سۆيگەندەك سۆيمىدىم نېچۈن ؟
تىلغانغان سەزگۈمدە دۇغلاندى ئارمان ،
ئۆزۈمگە خائىنلىق قىلدىم سەن ئۈچۈن .

جىسمىڭدا هورلانغان ئازابلىق قۇدرەت ،
ئاھ مېنىڭ ئەركىمنى قىلالماس قىياس .
ئۇنتۇشلار باغرىدا نۇرلانسا يوقلۇق ،
ئاشۇ چاغ ئۆزۈمدىن ئالىمەن قىساس .



# دېكابىرنىڭ سوغۇق كېچىسى

دېكابىرنىڭ سوغۇق كېچىسى ،
مەن ئۆزۈمنى سۆيدۈم قۇچاقلاپ .
ئۇچۇپ يۈرگەن غۇر ـ غۇر قەدەملەر ،
ئاستا ـ ئاستا كەتتى يىراقلاپ .

باھار كۆيگەن روجەكلەر ئارا ،
چەيلەندىغۇ قىراۋ گۈللىرى .
بىر كۈنلەردە ئۆتسەم بۇ يولدىن ،
بۇغ ـ بۇغلارمۇ كەپتەر باللىرى ؟

كۈلۈمسىرەپ تۇرىدۇ مەيۈس ،
خىياللىرىم ئىسقا كۆمۈلۈپ .
ئېيتقىنا بىر يىغلاڭغۇ ئۈمىد ،
نېچۈن ساڭا قالدىم سۆيۈلۈپ .

# ماشنا كۆزنىكى چېقىلسمۇ ئاھ

زىمىستان قۇشلىرى قونغان زەنجىردەك ،
يۈرەككە چىرمىشىپ كۆيمەكتە بىر ئوت .
جاراھەت باغرىدەك ئىسسىق دۇنيايىم ،
كەل ئۈنسىز ، مۇزلىغان قوللىرىمنى تۇت .

يېقىمسىز ۋىسالدەك كۈلسۇن تەبىئەت ،
قار كېچىپ تۇرايلى بىردەم يانمۇ يان .
مۇھەببەت ھەم نەپرەت كېسىشكەن دەمدە ،
تۇمانلىق ھېسلاردىن سىرغىمىسۇن قان .

ماشنا كۆزنىكى چېقىلسمۇ ئاھ ،
كۆز يېشىڭ ئۈمىدنى قالمىسۇن سۆيۈپ .
مەن ئەمدى ئۇزايمەن خىياللىرىڭدەك ،
چۈنكى بىز ھىجرانغا قېلىشقان كۆنۈپ .

## توپا ياغقان تۇمانلىق كۈندە

قەدىرسىزلا قالغان سۆيۈلۈش ،
يامغۇر بولۇپ سىڭسە سەھەرگە .
توپا ياغقان تۇمانلىق كۈندە ،
كېلەرسەنمۇ مەن بار شەھەرگە .

ئىزدىمەسسەن بەلكىم سەن مېنى ،
مەنمۇ سېنى تۇرماسمەن كۈتۈپ .
تۇيۇقسىزلا قالساق ئۇچرىشىپ ،
بېقىشارمىز يەنىلا چۆچۈپ .

مەنمۇ كۈلۈپ قويارمەن تەمكىن ،
ئۆتۈپ كەتسەڭ ئالدىمدىن مەغرۇر .
لېكىن ، شۇ چاغ تەگرىمۇ بىزدەك ،
ئالالارمۇ ئازابتىن ھوزۇر ؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

## يوقىلىش

تەپچىرەيدۇ قارسىمان نەپرەت،
شام چىچىكى قونغان يۈرەكتە.
لەپىلدەيدۇ ماتەمدار سۆيۈش،
چوغلانمايلا ئۆچكەن تىلەكتە.

قاتار ـ قاتار سەبىي ئۈنتۈلۈش،
كەچمىشلەرگە تۈرىدۇ ياندىش.
تۇغۇمنى يۈرىدۇ ئىزدەپ،
دۇغلانمىغان بىر تامچىلا ياش.



## قۇش كۆلكىسى سۆزۈك ھەم تۇتاش

مەۋھۇم چۇشلەر تەۋرىنەر لەرزان ،
قۇش كۆلكىسى سۆزۈك ھەم تۇتاش .
سۈرەتتىكى سۈرلۈك بىر ئاھاڭ ،
ئىزدەپ يۈرەر ئىلاھىي قۇياش .

مەي كەيپىدە تووۋلايدۇ ناخشا ،
ھال رەڭ شەبنەم تامچىغان قىشلاق .
تەلۋە بۇلاق ئويناقلىرىدا ،
چاچ تارايدۇ مەسۇم بىر قىزچاق .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## يامغۇر يېغىپ قالغان بولسا شۇ كۈنى

يامغۇر يېغىپ قالغان بولسا شۇ كۈنى ،
ئۆزىمىزنى ئالماس ئىدۇق دالدىغا .
تارىسمۇ تېنىمىزگە سوغ تىترەك ،
كۈلىشەتتۇق ئۆزىمىزنىڭ تۇرقىغا .

ئۆچۈپ قالار ئىدى شۇ دەم تاماكاڭ ،
مەنمۇ ئۈنسىز قارار ئىدىم قولۇڭغا
يېنىك سىلكىپ قويسام سۇمبۇل چېچىمنى
ئىزتىراپتا باقار ئىدى بويۇمغا .

ئېتىپ قويار ئىدىم بەلكىم تۈگمەڭنى ،
هور ئۆرلىگەن يۈرىكىڭگە قول سوزۇپ .
هاياجاندا تىترىسەڭمۇ پەرىشتەم ،
دەيتىڭ چوقۇم : « قالدىمىكىن مەن توڭۇپ ».

تۆكەر ئىدىم كۆز يېشىمنى تېنىشسىز ،
مەنمۇ ئاڭا سەزدۇرمەي دەپ هالىمنى .
سىلاپ قالساڭ يۈزلىرىمنى ، ئەندىكىپ ،
يامغۇر بىلەن ئالدار ئىدىم ، ئاھ سېنى .

## قار گۈلى توزىغان يامغۇرلۇق ئاخشام

كۆلكەمنىڭ بىھۇدە تىلىنغان جىسمى ،
تۆكۈلگەن يېشىگدەك سوغۇق شۇ قەدەر .
ئورمانلار قېتىدا ئوينار قوغلىشىپ ،
يېگانە كەچمىش ھەم قاناتسىز سەھەر .
قار گۈلى توزىغان يامغۇرلۇق ئاخشام .
ھاياتىنىڭ باغرىدا تاتلىق ئەركىلەر . . .



# سۆيۈلۈش

مۇنبەرنىڭ كۆلگۈنچەك يېزىقلىرىدىن ،
يېقىمسىز تارامىلار تاھارەت ھىدى .
قاپقارا كۆزلەرگە ئوخشىماس دوسكا ،
تاملارمۇ سۆكۈتتە بەزلەيدۇ مېنى .

نەملەنگەن قول ياغلىق پۇرلەشتى تاتلىق ،
ئالدىمدا ئېزىلگەن قەغەز ئۇنچىسى .
قايغۇلۇق تەشۋىشتەك دات باسقان كۈندىن ،
بىلمەيمەن ئۆتەركىن يەنە قانچىسى ؟

تۇماندەك لەيلەيدۇ لامپۇچكا نۇرى ،
ئورۇندۇق ئىڭراشقا ئىزدىمەس ئىمكان .
ئىشىككە قىسىلىپ تۇرىدۇ ھەسرەت .
مۆزلىگان كۆزنەكتىن يىغلايدۇ ئارمان .

چۈش كەبى ئۇنتۇلار دەردلەرمۇ بەلكىم ،
ئېھ ، بەرداش ئۈمىدلەر يوقالماس لېكىن !

# سېغىنىش

يامغۇرغا چىرمىشىپ توزىماقتا قار ،
قەلبىمگە تاراسلاپ ئۇرۇلار شادلىق .
مۇزلىغان يوللاردا تىترەيدۇ قەدەم ،
نەم شاخلار سىلكىنەر شۇ قەدەر قاتتىق .

ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ يالغۇزلۇقۇمغا ،
ئۇنتۇغۇم يوقتۇر ھەم تەشۋىشلىرىمنى .
دېرىزە سىرتىدا بىر جۈپ كۆك كەپتەر ،
چوقۇلاپ يۈرىدۇ كەچمىشلىرىمنى .



## يىقىنلىغۇم كەلمەس ئىشىككە

قۇش قېنىدەك ئىسسىق تەبەسسۇم ،
سېزىلمىدى سەندىكى لەززەت .
خىيالىمدەك سۆيۈملۈك تىۋىش ،
پۇچۇلاندى گۈزەل ھەم دەھشەت .

ساڭا تونۇش تالاي گەۋدىلەر ،
ئۆتۈپ كەتتى ئالدىمدىن رەت ــ رەت .
لەنىتى بوپ قالدى شۇ قەدەر ،
قەلبىمدەكلا بوش قالغان بېكەت .

كۆيۈمسىز تام ، سۈزۈك بۇقۇلداش ،
ئوخشاپ قالدى كىمگىدۇر قەۋەت .
يىقىنلىغۇم كەلمەس ئىشىككە ،
ئاھ ، ئۇزاپمۇ كەتمەيمەن ، پەقەت . . .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## قايرىلغان شاخلارغا قونارمۇ قارلىغاچ

چۈشلەردىن شىۋىرلاش يۈتكەن دەقىقە ،
يىراقتىن تەۋرىنىپ كېلەر موھتاجلىق .
ئۈزۈلگەن تار كەبى تىترىگەن بارماق ،
ياشلانغان كۆزۈمنى سىلايدۇ ئىللىق .

لەۋلەردىن تەپچىرەر شىۋىرغان ھىدى ،
دوقمۇشتا سوزۇلۇپ ياتىدۇ خارلىق .
قايرىلغان شاخلارغا قونارمۇ قارلىغاچ ،
قەلبىمدە تۈتۈنلەپ ئۆچكەندە پاكلىق ؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## توي كېچىسى

مۇڭسىرىغان غېرىب كۆلبىدە ،
يېلىنجايدۇ ئەسەبىي ئۇنلەش .
تۈتەك باسقان دەقىقىلەردىن ،
چېچىلماقتا يېگانە ئۇندەش .

تۇزىماقتا پۇچۇلانغان روھ ،
تۆشەكلەرگە سىغدالماقتا تۈن .
سۇس تەۋرىنىپ ئۆچكەن تىنىقتەك ،
قەي قىلماقتا ھاياتنى بۇ كۈن . . .



## قېچىپ كەتكۈم كېلەر يىراققا

يۇرىكىمدەك قارا ئەتىرگۈل ،
تۈيۈلارسەن كىمگە قەدىردان .
تەن كۆركىدە پۇچۇلانسا ئاھ ،
سەن مەندىكى مۇدھىش ھاياجان .

قېچىپ كەتكۈم كېلەر يىراققا ،
تاشلاپ بۇندا ئوتلۇق خىيانەت .
سۆيۈۋالاي ئۆزۈمنى قېنىپ ،
باس باغرىڭغا سوغۇق ئاھانەت .

سېغىنغانسەن بەلكىم مېنىمۇ ،
يالغۇزلۇقۇم قېنى ، سەن قېنى —
بولمىسىمۇ كۆزۈم ياش يۇقى ،
ئازابتەكلا تونۇۋال مېنى .

# خوشلىنىش

ئاچچىق بىر سىلكىنىش سىرغىدى تەندىن ،
بارماقلار چاراسلاپ كۆيۈشتى قات ـ قات .
بىلىمەن ياشلانغان سۆيۈملۈك چېھرىڭ ،
نەپرەتسىز قەلبىمگە قالالماس ئوخشاپ .

شەپقەتسىز ئۇنتۇلۇش قالدۇرۇپ ساڭا ،
ئۇزايمەن مېھرىڭدىن سۆيگەنچە سېنى .
قابىل بىر كۆكرەككە باش قويغان كۈنۈڭ .
سەنمۇ ھەم ئازابتا ئەسلەيسەن مېنى .



# مۇزىكا شەھرى

پاكلانغان كوچىدىن پۇرايدۇ ئۆلۈم ،
سۇۋاقسىز تاملاردا چايقىلار سايە .
روجەكلەر بەرگىدە ئۇيۇشقان شەھۋەت ،
ئاھ ئۈنسىز سۆيۈشتەك بولىدۇ پارە .

ھەسرەتسىز ئازابىنىڭ ناتىۋان قولى ،
سۈكۈتلەر باغرىدىن كېلەر سوزۇلۇپ .
تەسەللى كۈتمەيدۇ يالغۇز ئورۇندۇق ،
سەزگۈلەر تىترەيدۇ ئاچچىق بوغۇلۇپ .

يېقىلغان شاملارنىڭ كۆزلىرىدە ياش ،
جۇدۇنلۇق چۈشلەردىن ئۆرلەر ھارارەت .
تىنىقلار تېمى بۇزۇلغان ئاۋاز ،
سىقىلغان يۈرەكتىن ئىزدەر خىيانەت .

## سۇنۇق داغ

چىپىلدايدۇ زەيتۇن رەڭ تىنىق ،
كېچە باغرى سوغۇق بەك سوغۇق .
چىلىق - چىلىق توپىلىق يولدا ،
جىمىرلايدۇ بىر كونا قۇدۇق .

قومۇشلۇقتا كۆيمەكتە يۇلتۇز ،
ئىشكلەردە تاتلىق ئاھانەت .
بويناق ئۇنى - ئۇزۇلگەن زىل تار ،
بۇزالمايدۇ چۈشلەرنى پەقەت .

كەيپلىكتە داغلانغان ناخشا ،
يۈرەكلەرگە ئۆتەر سانجىلىپ .
يوپۇرماقلار يۇمران ھەم سۇنۇق ،
ساداقەتكە كەتكەن ئايلىنىپ .



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

## رىشتە

كۆزۈمدىن ئۆرلەيدۇ مەستخۇشلۇق ئىسى ،
مۇزىكا كۆركىدە چايقىلار دۇنيا .
تۇيۇلار قۇندۇزغا ئايلانغان كېچە ،
قەلبىمگە قول سوزۇپ تۇرغاندەك گويا .

گۈرۈلدەپ كۆيىدۇ مەستلىك يانغىنى ،
مېھرىمگە سانجىلىپ قالار ھەقىقەت .
كۈتۈشلەر سۆيىمى يوقالغان دەمدە ،
يىراقتىن بوش ئۆكسۈپ كېلەر مۇھەببەت . . .



## يۇلقۇنۇش

تۇتام ـ تۇتام ياۋا چېچەكتەك ،
يېقىپ قويۇپ خانەمگە ئاق شام .
شامغا ئوخشاش يىغلىيالمىدىم ،
قوللىرىمدا تۇتقىنىمچە جام .

كۆزلىرىڭدەك سوغۇق دېرىزەم ،
ھەسرىتىنى سىڭدۈرەر تامغا .
سۇنۇق ـ سۇنۇق يۈرىكىم بىلەن ،
بويۇغۇم بار ئالەمنى قانغا .

ئۇنتۇپ كەتكۈم كېلەر ھەممىنى ،
ئۇنتۇشلۇرۇم بولسىمۇ بەربات ،
يالغۇزلۇقتا كۆنۈك ھېسلىرىم ،
ئەركىمنى بەر چەكمىگىن پەرياد .

## خىيالچان مۇڭلىنار بىر يۈرەك تەنھا

تاغلاردىن سورايدۇ جانسىز تىنىقنى ،
ئازابتىن تۆرەلگەن سەۋرچان ئۈمىد .
تىترىگەن سادالار قالار جاۋابسىز ،
تاغلارغا ھۆكۈمران دەرمانسىز سۈكۈت .

لەۋ ياقار شامالغا ھارغىن نەپەسلەر ،
ئاقىدۇ ھەسرەتتە ئۆكسۈگەن دەريا .
خۇشاللىق ھالسىراپ قاچقان كەپىدە ،
خىيالچان مۇڭلىنار بىر يۈرەك تەنھا .




ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## كۆكۈچ مانان ئىچىدە قۇياش

سۇبھى نازلىق كۆرسىتەر چىراي ،
كۆكۈچ مانان ئىچىدە قۇياش .
كىرپىكلەردىن توزۇيدۇ قىروۋ ،
تۈن بالىسى تۆككىنىدە ياش .

تېڭىرقايدۇ ئېزىققان چۈشلەر ،
شەبنەم سۆيگەن ئورمان لېۋىدە .
ئېسىلىدۇ تىترىگەن يۈرەك ،
شاماللارنىڭ لەرزان كۈيىگە .



## چوغنى يۇتقان بىچارە يۈرەك

لىرىكىغا چىرماشقان جۈپ تار ،
كۈي ياڭرىتار غەمكىن ساھىلدا .
لەۋلىرىدە مۈگدەيدۇ ئۇپۇق ،
ئۈنسىز ئۆكسۈپ قويار گاھىدا .

چوغنى يۇتقان بىچارە يۈرەك ،
چۈشىدىمۇ كۈلكىدىن يىراق .
تىنىپ ـ تىنىپ سوقسىمۇ ھالسىز ،
ئۈمىد ئۈزمەس ھاياتتىن بىراق .




www.uyghurkitap.com

## خوش دېمەيلا كەتكىن پەرىشتەم

خوش دېمەيلا كەتكىن پەرىشتەم،
كۆرمەي دېسەڭ يىغلىغىنىمنى.
كەچۈرمەيمەن مەنمۇ بىر ئۆمۈر،
سۆيۈلۈشنى بىلمىگىنىمنى.

دېيەلمەيمەن ئۆزۈمگە قاراپ،
سىقىلغىنى چۈشلەر شىددىتى.
يالڭاچ قول خار ھەم قەدىردان،
چالغۇتمىسۇن كۆزلەر دەشتى.



## ھىجران لەززىتى

كەيپلىك باغرىدا بوزلىدى ئۇللىق ،
ئىرىگەن قىسمەتكە سىڭەلمىگەن ئۈن .
سەممىي ئىنتىلىش تۇزۇپ كەتكەن چاغ ،
ئىلاھىي ھەسرەتتەك بۇقۇلدىدى تۈن .

يۈرەكتەك تىترىدى يۇمران يوپۇرماق ،
تىنۇشسىز چايقالدى قۇشنىڭ كۆز يېشى .
سەببىلىك سۆيۈمى باشلانغان جايدا ،
سۆكۈتتەك بىخلاندى كىمنىڭدۇر ئىزى .



## سۆي شۇنى . . .

سەمىمىي بولغۇم يوق ساڭا بۇ قەدەر ،
ئېھ چەكسىز خورلۇقتەك تېرەكلىك يوللار .
غۇنچىلار مېھرىمدە شۇ قەدەر يېنىك ،
مۇزلىغان ،كىرىشكەن ئازابلىق قوللار ،

چاي ھىدى ئۇرۇلار دىماغلىرىمغا ،
ئۇيقۇسىز كېچىدەك لەنىتى تۇرقۇم .
سوقۇلۇپ ياققۇم بار تاملارغىمۇ ھەي . . .
كىمكىنە چاندۇرماي يىغلىغان يۇم – يۇم .

سۇزۇكتۇر بەك سۇزۇك قورۇلغان تىنىق ،
بىر مەندىن تەسەللى كۈتمە تەبىئەت .
يېنىمدا كىم بولسا سۆيۈملۈكتۇر ھەم ،
قۇچاقلاپ قانغۇچە سۆي شۇنى پەقەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تامچىلاش

قەلبىمگە تاشلانغان سۆيۈملۈك شەھەر ،
هاراقكەش بىر يىگىت تونۇشمۇ ساڭا .
ئازابقا بۆلۈنۈپ ئۆتۈپ قالسا گەر ،
تۇيدۇرماي سىنچىلاپ قاراپ باق ئاڭا .

تۇرقىدىن سەزمەيسەن بەلكىم ھېچنېمە ،
بەرباتلىق ئەركىگە سالسىمۇ زۇلۇم .
سەرەڭگە يېقىپ بەر تاماكىسىغا ،
سىقىپ قوي قولىنى مەن ئۈچۈن چوقۇم .

كېيگىنى زالىم رەڭ كۆڭلىكى بولسا ،
ياقىسىنى بىمالال قاتتىق مۇجۇۋەت .
قايتىپ كەل قەلبىمدە سەنمۇ ئال ئارام ،
پىژغىرىم كۆيۈكتە لەيلەر تەبىئەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## ئۇچۇرما بوپ كەتتىڭ قاياققا

ئەي بىچارە مۇڭلۇق ئۆتمۈشۈم ،
ئۇچۇرما بوپ كەتتىڭ قاياققا .
يا يۈرەمسەن مۆكچەيگەن چالدەك ،
لاي سۇ ئىچىپ ساپال تاۋاقتا .


تاۋىقىڭدا قالسا سۆزلۈپ ،
سۇنۇپ كەتكەن كۆڭۈل ئەينىكىم .
ئاچچىقىڭدا قارغاپ كەتكەنسەن ،
ئىگىسىنى بىلمەستىن بەلكىم .

غېرىبسىنغان بولساڭ ناۋادا ،
يوشۇرماستىن ئېيتقۇر ماڭا .
قوشۇپ بېرەي يۈرىكىم بىلەن ،
يېتىرقىغان بوگۈننى ساڭا .

# نېچۈن شۇنچە ياشلىقتۇر كۆزلۈك

نېچۈن شۇنچە ياشلىقتۇر كۆزلۈك ،
ئىلاھسىمان دەردلىك كۆيلۈمدەك .
مۇڭلىرىمنىڭ سارغۇچ ياپرىقى ،
سىلكىنىدۇ خىيال ئويۇڭدەك .

نېچۈن شۇنچە ياشلىقتۇر كۆزلۈك ،
يوقمۇ ئۇندا چاڭقىغان سەۋرە .
ئاتا قىلاي يېڭىچە شادلىق ،
روھ قەسرىگە كىرگىچە قەبرە .



## ئۆزۈك ـ ئۆزۈك كوچا چىرىغى

ئەزان ئۆنى مۇڭلۇق شۇ قەدەر ،
يۇلتۇز تامان كەتمەكتە ئۇچۇپ .
ئېغىر ـ ئېغىر ساھىب قەدەمدە ،
سەبىيلىكىم قالماقتا سولۇپ .

كۆكتات بېسىپ كېلەر ھارۋىغا ،
چۈشلىرىگە قانمىغان دېھقان .
يېپيىلماقتا يوللارغا ئاستا ،
ھەسرىتىمگە سىڭىشكەن ئارمان .

ئۆزۈك ـ ئۆزۈك كوچا چىرىغى ،
پىلدىرلىسا ئۈمىدتەك غۇۋا .
سۆيۈلمىگەن ھىجران دەملىرى ،
ئېرىمەكتە چەكسىزلىك ئارا . . .

# يىمىرىلىش

ئېھ بەرداش جىمجىتلىق غۇنچىلاپ قىزغىن ،
يارىدەك سويلىنار ئون ئىككىنچى ئاي .
تەبىئەت كۆز يېشى سىڭگەن سۈزۈك تەن .
تاشلىنار باغرىمغا تالاي ۋە تالاي .

مېھرىلىك جاڭگالدەك سۈسرىغان كۆز ،
بىر سېنى ئۈنتۈشقا مەجبۇرلار مېنى .
ھېسسىيات كۆركىدە كۆيەر پېژىلداپ ،
ئىشخانا ، كارىدور ، پەشتاق زەنجىرى .



www.uyghurkitap.com

## چالا كۆيگەن دەردلىك تەبەسسۇم

تۆكۈلمەكتە ئۈنسىز تاراملاپ،
تەشۋىشلەرگە چۆككەن ئېتىقاد.
نەملەنمەكتە ئىلاھىي بىر كۈي،
ئۆلۈم بىلەن سۆيۈشسە ھايات.

ئۇچقۇندىسا ئۇنتۇلغان كەچمىش،
تۈگۈلۈكلەردە قاتماقتا ئارمان.
چالا كۆيگەن دەردلىك تەبەسسۇم،
نېچۈن ماڭا قول سوزار پىنھان؟



## نېمىنى ئىزدەيسەن ئىلاھ دىلبىرى

نىكاھىڭ چۆچۈتكەن چوغسىمان يۈرەك ،
مۇزاتىنىڭ كۆيىنى تەكرارلار ساناپ .
جىسمىمدىن تۆرەلگەن ئاھاڭسىز شاۋقۇن ،
لىرىكا يازماقتا ساڭىلا ئاتاپ .

جىمجىتلىق ئىچىگە چۆككەن مەۋجۇتلۇق ،
جىمجىتلىق ئىچىدىن ئىزدەيدۇ سېنى ،
سەن ئۇندا يوقالغان كېكەچ قۇشلاردەك ،
نېمىنى ئىزدەيسەن ئىلاھ دىلبىرى .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

# كىرپىكتەك تۆكۈلەر بارماق تېۋىشى

غالجىر مۇھەببەت تىمتاسلىقىغا ،
كىرپىكتەك تۆكۈلەر بارماق تېۋىشى .
خۇش پۇراق ، يىرگىنىش چۇلغىغان ۋاقىت ،
قۇچاقلا ئاھ لېكىن سۆيمىگىن مېنى .

يېقىمسىز تىترەكتۇر سەندىكى بەلكىم ،
تاشلىنىپ تۇرسەن مېھرىمگە تەكرار .
يۇلقۇنۇش ئازابى بىلىنمەس ساڭا ،
دېرىزە سىرتىدا ياغماقتا ئاق قار .



# كوچىدىكى ئايال

× × ×

يىراقتىن تەۋرىنىپ كەلگەن مۇزىكا ،
سانجىلار باغرىمغا لەنىتى كېچە .
يېشىمنى سۈرتكىنى ئېھ كىمنىڭ قولى ،
قاۋاقخانا ئىشىكى ئوچۇق تېخىچە .

قايتىمەن ئازابتەك ئۇزۇن يول بىلەن ،
شۇ قەدەر سۆيۈملۈك يالغۇزلۇقۇمغا .
شىۋىرلار مۇلايىم كۆز غازاڭلىرى :
« بىلىنمەس قۇشلارنىڭ نامراتلىقىلا . . . »

ئۆي ئىچى ئاجايىپ يېقىمسىز بىر ئۈن ،
تەرلىگەن پايپاقنىڭ ھىدىدە نەپرەت .
ئۆلۈمگە تەۋەككۈل قىلغاندەك گويا ،
تېلېۋىزور كۆرۈشتىن قورقىمەن دەھشەت .

ئۈزىمەن بوغۇلۇپ تۈگمىلىرىمنى ،
تاشلايمەن ئۆزۈمنى قەھرىمگە تال ـ تال .
تاماكا يېقىلغان بىلەكلىرىمدە ،
بىر مۇدھىش ھاياجان تىترەيدۇ غال ـ غال .

سۇنۇق ئاي نۇرىدا سىلكىنەر ئەتراپ ،

لامپۇچكا يېپىنى تۇتىمەن ئەستە.
بىلمەيمەن ئىشكىم ياپتىمۇ سېنى،
كۆلگۈم بار كىمنىدۇر ئالغاندەك ئەسكە...

× × ×

قار ئارىلاش يامغۇرغا چىلىنىپ ئۇزاق —
تۇرغۇم بار شۇندىمۇ يەتمەيدۇ قۇربۇم.
بۇ يوللار سوزۇلۇپ تۇرار شۇ پېتى،
چۈش بولۇپ قالالماس هازىرقى تۇرقۇم.

مۇزلىغان كۆزنەكنىڭ تىرىقلاشلىرى،
غاجايدۇ تېنىمنى، بارلىقىمنى ھەم.
ئاچچىق ئىس قورۇيدۇ دىماغلىرىمنى،
ھەي... قايتا قىلغىم يوق كىرپىكىمنى نەم.

سىلىغاچ مۈشۈكنىڭ تىرناقلىرىنى،
جۇغۇلداپ كېتىمەن شۇنچە ھۇزۇرلۇق.
قانىغان لېۋىمگە لېۋىنى يېقىپ،
ئاھ كىمدۇر قىلىدۇ ئەسەبىي زورلۇق.

كېلىدۇ ياستۇقتىن سامان پۇرىقى،
ئۇنلەيدۇ روھىمدا ئاچچىق ئەندىكىش.
تاملارمۇ يىراقلار ئاستا بەك ئاستا.
يۇلقىنار ئىلكىمدىن غالجىر بىر تىۋىش.

× × ×

كېچىنىڭ سىرتىغا تارامىلار تىنىق،



www.uyghurkitap.com

مۇجۇلغان كۆكرەكتە يوقتۇر هارارەت .
تۈتۈنلەر ۋاقتىنىڭ زەئىپ ئۆركىشى ،
ئېھتىمال قۇياشمۇ ئىللىق جاراھەت .

سەھەردەك ئېزىلگەن ئەزان ئۈنىدە ،
يېلىنجار نۇرلىنىپ ياشاڭغۇ قىسمەت .
مىسلىسىز كۈي سىڭگەن كۆزلەرگە ئوخشاش ،
سۈزۈلەر داغ ـ ھىجران قالدۇرغان لەززەت .

بارىمەن ياندىشىپ زالىملىقىمغا ،
چېچەكلەر ئالدىمدا سانسىز گۆرىستان .
بۇقۇلداپ ھېسلارغا چىرمىشار مەھكەم ،
ئەھ ئازغۇن چۈشۈمدەك يالغۇز قەدىردان .

بارمىقىم تىنىمسىز ئۇۋۇلىنار ئاچچىق ،
تونۇش ئۈن تۇيغۇمغا قونغان رىيازەت .
يۆلەيمەن ئۆزۈمنى بىلىندۈرمەيلا ،
شۇ بەرداش قەلبىمگە يېقىلسام دەھشەت .

جىمىرلار سۆيۈمسىز قالغان ئەقىدە ،
كۆكۈش لەۋ كۆركىدە يېرىلار ئارمان .
كۈتۈشلەر باغرىدا تۇرار سوزۇلۇپ ،
قاقشال بىر ۋۇجۇدتەك قۇرىغان ئورمان .

× × ×

كېچە ئۇ قارلىغاچنىڭ سۇنغان قانىتى ،
سەۋدالىق كۈلدۈرگەن گۈلسىز باغ ئارا .

قېتىشقان ئۈمىدتىن تۆكۈلگەن جۇدۇن،
تاراملار تۇپراققا ئاۋازى يارا.

جىمجىتلىق يوقالغان بارچە نەرسىدىن،
دىلىمدا قىسىلىپ تۇرار ئاھانەت.
يوشۇرۇپ سۆيگۈمنى، نەپرىتىمنى ھەم،
قىلغۇم يوق ئۆزۈمگە ئۈنسىز خىيانەت.

تېرەكلەر، يۇلتۇزلار ئۇزۇن - ئۇزۇن يول،
قار كېچىپ كېلىدۇ يالاڭ ئاياغ پوت.
ئۈزۈلمەس ۋەھىمە، تۇتۇق چىرايلار،
ئەھ كېچە باغرىدا لاۋۇلدىغان ئوت.

ستولبا، مەيخانا، رەڭدار چىراغلار،
يەلپۈنەر ئاق شارپا گۈزەل ھەم دەھشەت.
كۆزنەكلەر ھېچقاچان بولمايدۇ چۇل - چۇل،
تاكسىلار ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ رەت - رەت.

شۇ قەدەر تۇيۇقسىز شۇ قەدەر قوپال،
يۈرەككە سوزۇلار ناتونۇش بىر قول.
ئۇنتۇلغان چۈش كەبى قاماللىنار تەن،
تېرەكلەر، يۇلتۇزلار ئۇزۇن - ئۇزۇن يول.

قۇشلارمۇ سەزمەيدۇ ئەركىنى تولۇق،
قۇچاقلاپ سۆيگۈم بار ئاياللىقىمنى.
قاۋاقخانا ئىشىكى ئوچۇق تېخىچە،
بوپتىلا ئۇنۇتسام، ئۇنتايچۇ سېنى.

# ھال رەڭ پەي

( داستان )

قار ئۇچقۇنداپ قويىدۇ گاھ ـ گاھ ،
ھۇرۇن قاغا قۇترايدۇ ھەر يان .
گۈگۈم سىڭىپ كەتكەن كوچىدا ،
ئولتۇرىدۇ بىر بوۋاي پىنھان .

كۆزلىرىنى يۇمۇۋاپتۇ چىڭ ،
ئاھ ، يۆتەلگە يەتمىگەچ دېمى .
مىدىرلايدۇ لەۋلىرى ئاران ،
ياپىراقسىمان تىترەيدۇ تېنى .

پۇتلىرىمۇ قاپتۇ ئۇيۇشۇپ ،
ئۇچىسىدا يىرتىلغان جۇۋا .
بېشىدىكى ئاقارغان تۇماق ،
گوياكى بىرقار باسقان ئۇۋا .

كەپىسىنى قىلسىچۇ پاناھ ،
زىمىستان قىش ئاچچىق سوغۇقتا .
ئارام بەخش ئىللىق ماكانى ،
قالغانمىكىن ياكى يىراقتا ؟

. . . . . . . . . . .

تۇمان كەبى كەلمەكتە لەيلەپ،
دىلى سۇنۇق بىچارە موماي .
دەلدۈگۈنۈپ ماڭىدۇ تەستە ،
قەدىمىنى ئوڭشاپ ئالالماي .

مۈك تۆكۈلەر دەردلىك كۆزىدىن ،
ئاق ئارىلىغان چاچلىرى چۇۋۇق .
ئېتىكىگە ئوراغلىق تەنگە ،
سۆزلەپ قويار ئاۋازى بوغۇق :

« ئۇخلا قوزام ، ئۇخلا ئومىقىم ،
سەن بولساڭمۇ ئىلىۋال ئارام .
بۇزماي سىنىڭ تاتلىق چۈشۈڭنى ،
قىلىۋېرەي يولۇمنى داۋام . . . »

تونۇش ئاۋاز كىرىپ قۇلاققا ،
بوۋاي چۆچۈپ ئاچتى كۆزىنى .
ئازاب بىلەن تولغىنىپ شۇدەم ،
مۈزدەك يەرگە ياقتى يۈزىنى .

سوغۇق نەزەر تاشلاپ قويۇپلا —
بوۋىقىنى باغرىغا بىسىپ .
موماي ئۆتۈپ كەتتى ئالدىدىن ،
بەخت يەنە بولمىدى نىسىپ .

× × ×

مىسكىن كىچە ئۆكسۈيدۇ چوڭقۇر ،
سىلكىنىدۇ شورلاشقان تۇپراق .
جىمجىت ئاقار دەريانىڭ سۈيى ،
سۈكۈت ئىچرە چۈشەكەر قىرغاق .

ساھىلدىكى نەملەشكەن قۇمدا ،
يېتىمسىراپ ياتار قومۇش نەي .
لەيلەپ تۇرغان چۇۋۇق بىر سالنى ،
سەرسان شامال ئېتىدۇ ئەللەي .

كۆك باغرىدا قېتىشقان ھىلال ،
تىترەپ تۇرار دەردمەن يۈرەكتەك .
يۇلتۇزلارمۇ كەتكەن چېچىلىپ ،
ۋاقىتسىزلا سولغان چېچەكتەك .

مەۋھۇم خىيال ، غايىب تۇيغۇلار ،
تىپىرلايدۇ گاھى يېگانە .
سەدىقىسىز قالغاچ تىلىكى ،
ئۆرتىنىدۇ غېرىب دىۋانە .

قولىدىكى گۈللۈك خالتىنىڭ ،
ئېغىزىنى ئاپتۇ ئۇ بوغۇپ .
بىلمەس ھېچكىم بىلمەس زادىلا ،
نېچۈن بۇنچە كېتەر ھودۇقۇپ .

بارمىكىنە ئاشۇ خالتىدا ،
تۇنجى سۆيگۈ ئاتا قىلغان چۈش .

يا بولمسا ۋىسالسىز يۈرەك .
ئۈنتۈپ بولماس ئازابلىق ئۆتمۈش .

يالقۇن كەبى ئوتلۇق ئەقىدە ،
بارمىدۇ يا ئۇنىڭدا تېخى .
بىلەمدىكىن قاچان قەيەردە ،
توختايدىكىن ئاداققى چېكى .

يا بولمسا سانىسىز كۆپ چېكىت ،
تۇرامدىكىن ئۇندا تىپىرلاپ .
يا بولمسا ئۇنىڭ بارىنى ،
كەتكەنمىكىن ھەسرەت ئوغۇرلاپ .

بوران ئۇچۇپ تۇرىدۇ دەھشەت ،
بوۋاي ئېگراپ ياتار تۆگۈلۈپ .
كونىرىغان بورا ئۈستىگە ،
ئىسسىق يېشى قالدى تۆكۈلۈپ .

ئاڭلانمايدۇ ھەتتا بۇ ئۆيدىن ،
چاشقانىنىڭمۇ چىرىلداشلىرى .
بۇزار پەقەت سۈرلۈك جىملىقنى ،
بىر ئاسلاننىڭ خىرىلداشلىرى .

ئۇن – تىۋىشسىز تۆكۈلۈككە قاراپ ،
بوۋاي ئويغا چۆكىدۇ ھامان ،
قارچۇقلىرى چوقۇلانغان قۇش .
پەي سىلكىيدۇ ئۆتمۈشى تامان .

× × ×

قان رەڭگىدە قىزارغان قۇياش ،
پەرۋاسىزلا قويار نۇر چېچىپ .
چىغىر يوللار كۆتەركىن نېمە ،
سوغۇققىنە قوينىنى ئېچىپ .

هە ، بىر چاغدا لەرزان مۇڭلۇق كۈي ،
باشلانغانتى مۇشۇ يوللاردىن .
يارالغانتى ئۆزگىچە دۇنيا ،
شۇ غۇبارسىز گۈزەل ئويلاردىن .

ئوتلۇق سۆيۈش ، مەسۇم سۆيۈلۈش ،
كىرگەنىدى ئىلاھ چۈشىگە .
سىڭىپ كەتكەنىدى تىلەكلەر ،
ئاشۇ تەنها ئۆجمە تۈۋىگە .

ئويقۇسىغا زېمىن ئانىنىڭ ،
شىۋىرلاشلار بەرمەيتتى ئارام .
سانجاق ـ سانجاق يۇلتۇز توپىدىن ،
تۆۋا ، ئېقىپ كېتەتتى تارام . . .

تەشنالىقتا كۆتەتتى يىگىت ،
چىن يۈرەكتىن سۆيگەن قىزىنى .
قايتا ـ قايتا يادلاپ كېتەتتى ،
ئاھ ، دېمەكچى بولغان سۆزىنى .

قىز تەشۋىشتە كەلگەندە يۈگۈرۈپ ،
ئاچالمايتتى باغرىنى بىراق .
تەمترەيتتى ، ھۇدۇقاتتى گاھ ،
ئۆرتىسمۇ باغرىنى پىراق .

ئۇجمىگىلا يۆلىنىپ ئۇلار ،
مۇڭدىشاتتى سىردىشاتتى ھەم .
قىز يىغلايتتى ئاچچىق بوغۇلۇپ ،
پاك قەلبىنى تىلغىغاچ ئەلەم .

يېتىملىكى ئېپكەلگەن دەردنى ،
قالدۇرماستىن بېرەتتى سۆزلەپ .
ئۆگەي ئانا ، ئۆگەي ئاكىنىڭ ،
چاققىنىنى ئاتىغا يۈزلەپ .

شۇ ھاراقكەش ، ياۋۇز ئاتىنىڭ ،
سەۋەبسىزلا ئۇرغانلىرىنى .
قىز تولغانسا تاياق زەربىدىن ،
ئاكىسىنىڭ كۈلگەنلىرىنى .

يىگىت شۇ دەم كەتكەنتى تىترەپ ،
تۈرۈلگەنتى مۇشتلىرى مەھكەم .
قىز كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ ،
دېگەن « گۈلۈم قىلىپ يۈرمەڭ غەم —

بىزمۇ ئەمدى ۋىسال پەيتىدە ،
يىراقلاردىن تۇتىمىز ماكان .

www.uyghurkitap.com

قۇشۇلسىڭىز ئۆتەر كۈنىمىز ،
بەخت ئىچرە تىنچ ۋە ئامان » .

ئۇياتچان قىز ئوماق كۈلگەنچە ـ
نېمىنىدۇر بىرىپ يىگىتكە .
ئۇزاپ كەتكەنىدى ئاشۇ چاغ ،
مىسكىن كۆڭلى تولۇپ ئۈمىدكە .

يىگىت كۆرۈپ ئايىنىڭ نۇرىدا ،
ئول خالتىغا چېكىلگەن گۈلنى .
پۈۋلىگەنتى ھاياجان بىلەن ،
تاماكىسىدىن چاچرىغان كۈلنى . . .

X X X

يېپىنچىسىز تۇرار تاتىرىپ ،
ئاھ ، قايغۇلۇق ماتەمدار تىلەك .
ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ قانمايدۇ گويا ،
ياپراقلىرى تۆككۈلگەن تېرەك .

قىروۋ گۈلى تورزىغان تۈگۈلۈك ،
كەچمىشىنى ئىزدەيدۇ قايتا .
غېرىبسىنىپ قالغان لىرىك كۈي ،
ئۆز باغرىنى تىلغىيدۇ ئاستا .

ئاق ۋۇجۇدقا چىرماشقان تۈتۈن ،
پاك تۇپراققا تاشلايدۇ سايە .
ئىرىقتىكى لاي سۇنى چوقۇپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قۇچقاچ يۈرەر بولۇپ ئاۋارە .

ئاھ ، شۇ كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى ،
ماڭا قالدى پۇشايمان ، ھەسرەت .
ئوتتۇز تۆت يىل ئۆتكەنلىكىگە ،
ئىشەنگىممۇ كەلمەيدۇ پەقەت .

سىم ـ سىم يامغۇر ياغقان بىر كېچە ،
قانات ياساپ ئۇچقان ئىدىققۇ .
ئاشۇ يىراق خىلۋەت جايلاردا ،
بىزمۇ ۋىسال قۇچقان ئىدىققۇ .

بوۋاي قاتتىق كەتتى يۆتۈلۈپ ،
ئۈزۈلدى ھەم شېرىن خىيالى .
نادانلىقتا كۆرگەن چۈشىنى ،
ئۇنتۇشقىمۇ يوقتۇر ئامالى .

بىر چاغلاردا ئايلار ۋە يىللار ،
ئۆتكەنىدى شۇ قەدەر غەمسىز ،
بىراق مېنىڭ تەنتەكلىكىمدىن ،
توزۇپ كەتتى بەختىمىز سۆزسىز .

گۇناھىمنى يۇيالمىدىم مەن ـــ
كەچۈرەرمۇ ، ئەي قادىر ئىگەم .
بىگۇناھلا بەندەڭنى خارلاپ ،
ئۇنىڭغا بەك قىلغانتىم ئەلەم .

پەرزەنت يۈزى كۆرەلمىدىم دەپ ،

ئۇنى ئۆيدىن چىقاردىم قوغلاپ .
نالىسىگە سالمىدىم قۇلاق ،
تەرسالىقتا ئۆزۈمنى ئالداپ .

كۆز يۇمۇپلا ئۇرغانتىم يەرگە ،
نەچچە يىللىق ئەقىدىسىنى .
كېيىن ئۇمۇ قىلمىدى قوبۇل ،
نامەردلەرنىڭ سەدىقىسىنى .

ئەپسۇس ، ئەپسۇس ، مىڭلارچە ئەپسۇس ،
دوزاخ ئوتى ماڭىلا راۋا .
ئەمدى مېنىڭ قەلب يارامغا ،
تېپىلمايدۇ ھېچ يەردىن داۋا .

پەرىشتەمنى قوغلاپ ئۆيۈمدىن ،
توي قىلدىمەن بولدۇم بالىلىق .
بالا بىلەن تەڭ كىردى ئۆيگە .
ھەي بۇ تەگسىز ، چەكسىز خاپىلىق .

بەش يېشىدا ئوغلۇمنى تاشلاپ ،
ۋاپا قىلماي كەتتى ئايالىم .
ئامالىم يوق ئىدى بۇنىڭغا ،
قىسمىتىم شۇ بولغۇيتتى بەلكىم .

ئوغلۇمغىمۇ يۇك بولۇپ قالغاچ ،
مانا ئەمدى شۇنچە يىل ئۆتۇپ .
سەرسان بولۇپ يۇرىمەن شۇنداق ،

www.uyghurkitap.com

ھەسرەت ئىچرە ئۆلۈمنى كۈتۈپ .

بۇ دەردلەرگە نە قىلاي ئەمدى .
ئۆتنە جاھان دېگەن شۇ ئىكەن .
تۇمان باسقان ھايات يولۇمدا ،
تاپىنىمغا سانجىلدى تىكەن .

كۆز ئۆكسۈيدۇ شۇ قەدەر غەمكىن ،
ياپراقلاردا تىترەيدۇ شەبنەم .
ئۇۋىسىدىن چىققان يېتىم قۇش ،
مۇڭلۇق كۈيگە بولماقتا ھەمدەم .

ئالتۇن قەپەس سۇندۇرغان قانات ،
لەيلەپ يۈرەر بوشلۇقلار ئارا .
نېمىلەرنى قىلاركىن ئارمان ،
سۈكۈت بىلەن تەبىئەت ئانا .

ئاي يۈزىگە چۈشكەن سۈزۈك داغ ،
بۇلۇتلارنى قويسا يىغلىتىپ .
غايىب جۇدۇن كېلىدۇ ئاستا ،
ھىجران بىلەن دىلنى تىلغىتىپ .

بوۋاقنى سۆيەر يېنىشلاپ ،
موماي ئەنسىز ئەتراپقا بېقىپ .
كۈلۈپ كېتەر گاھى ئەسەبىي ،
كۆزلىرىدىن ياشلىرى ئېقىپ .

سۆزلەپ كېتەر ئۆزى ئۆزىگە ،

مەن دۇنياغا يارالدىم نېچۈن .
شۇڭا ئازاب تارتقاندىمەنمۇ ،
ئاڭا سادىق بولغىنىم ئۈچۈن .

ئاھ ، بىچارە يېتىملىكىمدىن ،
ئۈچرىدىم زورلۇق ، ئەلەمگە .
كۆڭۈلچەك ھەم سادىدىلىقىمدىن ،
تىپىلدىممۇ ھەر بىر قەدەمدە .

كۆڭۈل رىشتى باغلانغان ئۆيدىن ،
قوغلانغىنى كەلدى يادىغا .
غال ــ غال تىترەپ كەتتى ئاجايىپ ،
تۈز سەپكەندەك بولۇپ يارىغا .

ئۆتۈپ كەتتى ھەممە ، ھەممىسى ،
ماڭا پۈتمەس ئازاب قالدۇرۇپ .
قامچىلامدۇ تەقدىر مېنىلا ،
باش ــ ئۈستۈمگە تۆھمەت ياغدۇرۇپ .

مەن قالىمەن نېچۈن خورلۇققا ،
يېتىملىكىم گۇناھىمكىن تاڭ .
سەنمۇ مەندىن كۈتسەن نېمە ،
ئالدىمدىكى قاپقاراڭغۇ ھاڭ ؟

موماي بىردىن كەتتى ئەندىكىپ ،
بوۋىقىنىڭ تۇتۇپ تېنىنى .
ھەم يۈگۈردى ئالدىغا قاراپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

هالسىراشتا تىكىپ جېنىنى .

« جېنىم قوزام ئاچقىن كۆزۈڭنى ،
مېنى يالغۇز تاشلاپ كېتەمسەن .
سېنىڭمۇ ھەم ئىچىڭ ئاغرىماي ،
كۆزلىرىمنى ياشلاپ كېتەمسەن . »

ھەيران قالدى كۆرگەنلا كىشى ،
موماينىڭ بۇ ھالىغا قاراپ .
تىترەك بېسىپ كەتكەن خىياللار ،
ۋۇجۇدىغا كېتىشتى تاراپ .

جېنىم قوزام . . .
ئۈزۈلدى نىدا
چاق ئاستىدا قالدى نىمجان تەن
مانا ئەمدى ئۇنى قىينىماس ،
پۈتمەس ئازاب بىلەن قايغۇ ـ غەم .

قالغاندۇ قىيالماي كىمگە ،
كۆزى ئوچۇق تېخىچە ، بىراق . . .
ئېتىلدە ياتار سوزۇلۇپ ،
بوۋاق ئەمەس بىر پۇرۇچ قونچاق !

## ئىشىك سىرتىدا

قەھرلىك مۇھەببەت ــ ۋىسال زىندانى ،
چاراسلاپ كەلمەكتە نازۇك بىر قەدەم .
كۆيمەكتە تەبىئەت ، كۆيمەكتە ھەممە ،
سۇر رەڭلىك بارماقلار قىسىلماقتا ھەم .

شاخلارنىڭ تىترىشى ھورلانسا غۇۋا ،
يىرىڭلىق كۆزلەردىن ئاقماقتا لەززەت .
ئاسىيلىق كۆركىدە ئۆتلۈپ كەتكىنى ،
سەنمۇ ئىدە ، بىلمەيمەن باغرىمغا دەسسەپ .

ئىللىق ئۈن يانىدۇ خىياللىرىمدەك ،
بالكوندىن تامچىلار چۈشلەر شەھۋىتى .
قانىغان سەزگۈمدە چايقىلار ئارمان ،
قەلبىمدە چەيلەنگەن ئازاب قۇدرىتى .

ئاھ گۇناھ زۇلمىتى ــ خورلانغان بەدەن .
شۇندىمۇ كەچكۈم يوق موھتاجلىقىمدىن .
قول سوزۇپ تۇتقۇنۇم لالەرەڭ تۇمان ،
سەن يەنە خەۋەرسىز يالغۇزلۇقۇمدىن !

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## كۆلۈمسىرەش

گۆزۈگىدىكى يېنىككىنە ئەندىكىش ،
ئۇخشايدۇ ئاھ چەيلەنمىگەن نەپرەتكە .
چاچلىرىڭنى يۇلۇپ ـ يۇلۇپ لۈكچىكىم ،
چۈمگۈم كېلەر ئاچچىق ـ ئاچچىق لەززەتكە .

قۇچاق ئېچىپ كېلەلمەسسەن سەنمۇ ھەم ،
قايرىلىپمۇ كېتەلمەسمەن ئارقامغا .
ئىللىق دوزاخ ئازابىنى تۆكسەن ،
شۇنچە رەزىل ، شۇنچە گۈزەل تۇرقۇمغا .

سېزەلمەيسەن ، سېغىنارمەن شۇندىمۇ ،
تەن بەرمىگەن خورلۇقۇڭنى ياد ئېتىپ .
يالغۇزلۇقۇڭ يۈرىكىمگە ئوخشىماس ،
قالالمايسەن ئىشىكىمدىن مەست ئۆتۈپ . . .

بەلكىم ساڭا قەدرىم يەنە ئۆتۈلەر ،
تۇيغۇڭدىلا قالارمەن شۇ ئەسلىنىپ .
چالا كۆيگەن تاماكىلار قالدۇقى ،
كېتەر ئىكەن قاي پۇتلاردا دەسسىلىپ ؟

**بەش بىلەن يەتتىنىڭ ئارىلىقى**

ئاھ ! سەندەكلا ، يىراق بىر جايدا ـــ
يامغۇرغىلا قالسام ئەسلىنىپ .
تېرەكلەردەك يالىڭاچ بەدەن ،
ئارىلىشىدۇ چۈشۈمگە كىرىپ .

بوسۇغىدا كۆرۈنمەس ھېچكىم ،
پەشتاقلاردىن چۈشىمەن لېۋەن .
رەت ـ رەت بىنا چەكسىز غېرىبلىق ،
يايمىچىلار يايغان يىللارنى .

كۆزلەر تاتلىق ۋەھىمە بىلەن ،
نېمىنىدۇر ئىزدەيدۇ تىنماي .
مۈگدەپ قاپتۇ چاندۇرمىغىندەك ،
مەسچىت ئىشىكىدە تىلەمچى بوۋاي .

مۇڭلۇق قاراپ ئەتراپقا شۇ دەم .
ئۆتۈپ كەتتى بىر شائىر بالا ،
ھاراقكەش دوستىنى يۆلەپ تەسلىكتە .
قار ياغماقتا يۈرىكىمگىلا . . .

قىسقا يوپكا كىيگەن جۇۋاننىڭ ،
كىرىۋالدى كەينىگە بىرى .

تىترىمەكتە ئەنسىز خىيالدەك .
ئۇزۇن – ئۇزۇن تېلېفون سىمى .

ۋاقىت قىستاپ ئۆتەر يۈرەكنى ،
شۇنچە سۆزلۈك ئادەملەر بۈگۈن .
ئۆزۈمچىلا تەۋەككۈل قىلىپ ،
چۇۋۇۋەتتىم چېچىمنى پۈتۈن .

بىز ئولتۇرغان كىچىك ئاپتوبۇس ،
مېڭىپ يۈرەر يەنە شۇ يولدا
ئېزىقىمىز ھەممىمىز بەلكىم
چىغىر – چىغىر مېھرىبان قولدا .

ھايات تۇرار كۆۋرۈك ئۈستىدە ،
بىر ماڭىلا قىلغاندەك خىرىس .

چالا كۆيۈپ ئۆچكەن تاماكا
ھېسلىرىمنى ئىللىتىدۇ سۇس .
يوشۇرمايمەن تەبىئەت سەندىن
كىمدۇر تۇتتى قوللىرىمنى بوش .

يىغلىغۇم بار راسا ئۈن سېلىپ
ئۆزۈمنىڭلا ھۇزۇرى ئۈچۈن .
ئادەم ئىزدەش ئېلانىدەكلا ،
يېپىلىدۇ باغرىمغا تۈتۈن .
كۈندۈزدىكى خورلۇق قەدىردان ،
سېزەلمەيمىز بىز بۇنى ئاسان .

بىلىمەن ،
يول بويىدىكى ئەخلەت ساندۇقى .
بار سەندە مەندە يوق بارچە نەرسىلەر . . .
پار تۇرۇبىسى بۇزۇلغان ياتاق بىناسى ،
پەم بىلەن ئۇزىدى ئىلكىمدىن ئەدەپ
ساددىلىق ، ساختىلىقنى ،
بىر تۇمار قىلىپ ،
يۇرىدۇ ئادەملەر ئۇنى ئېسىشىپ .

بويتاقلىق پۇرىقى كېلەر گۇپۇلدەپ
يۇلقۇنۇش ئازابى بىلىنمەس شۇڭا .
كونا ئىشىك ،
دات باسقان قەدەم ،
دەسسەپ كىرەر غالجىرلىقىمغا .

رىۋايەتتەك قېنىق رەڭلىك كۆچ ،
سۇنۇپ بارار ئەركىمدە جىمجىت .
شاراقشىدى قەلب قەپىسى !
قايناق رەستە ، قايناق هاياجان ،
قاپلاپ كەتتى كوچىنى بىردىن ،
بوينى ئۇزۇلگەن كەپتەر باچكىسى .

قەغەز قېپىق ياسالغان پەسىل ،
تۇيۇقسىزلا يېغىپ كەتتى قار .
سۇ گوياكى لىغىرلىغان ياش ،
كىرپىكلەردە بىر ئۇتلام باهار .

تەۋرىمەكتە تونۇش قۇشخانا،
بار ئۇنىڭدا قۇرغاق ھاياجان.
ئېزىلگىنى كۆزلەر دەشتىدە —
يالىڭاچ قول خار ھەم قەدىردان.

ئۇزۇلمەكتە يېشىل مەرۋايىت،
كۇتۇلمىگەن تونۇش دەملەردە.
كۆۋەجەيدۇ ئەرلەرنىڭ تېنى،
ياشاش شۇنداق گۇزەل - بىمەنە...

ئېقىپ چۇشتى يۇلتۇز سۇنىقى،
تىترىمەكتە پالچىنىڭ لېۋى.

ھالاكەتتەك تاتارغان چىراي —
زېرىكىشلىك شەھەر ئاسمىنى.
رەڭسىز ھاۋا —
تىراگېدىيە.
دات باسماقتا كېچە باغرىنى.

كاۋاپدانەك ئىسسىق باللار،
جىمىرلايدۇ دوقمۇش - دوقمۇشتا.
تۇل ئايالنىڭ كۇنداشلىقىدەك،
ئېتىقادمۇ كۆيەر بەك ئاستا.

شاللاق ئەرنىڭ تەبەسسۇمىدىن،
تاراملاپ تۆكۇلەر ياشاش بىسمى.
كوچىلار تەرتىپسىز تۇيغۇدەك گۇزەل،



www.uyghurkitap.com

قستىلىپ يۇرۇشەر ئادەملەر توپى .
ئۆي ،
ئىشخانا ،
مەسچىت مۇنارى ،
قەھرىتان يۇرەكنىڭ ئەمەس بارلىقى .
يېتىم قىز ئويناپدۇ قونچاق ئېمىتىپ ،
بۇ بەلكىم ، رېئاللىق . . . چۈشنىڭ ئارىلىقى !



## ئۇھسىنىش

يېنىككىنە مۇزدەك سوغۇق باغرىڭغا بېسىپ ،
نەپرەت بىلەن سۆيسەڭمۇ ئاھ سۆيۈپ قوي مېنى .
مۇڭ سىغمىغان كۆزلىرىمگە ئىسسىق ياش ئېلىپ ،
سۇس داغلانغان چۇشلىرىمگە سىڭدۇرەي سېنى .

مەيلى ئۇنۇت ، مەيلى ئەسلە تەنھالىقىڭدا ،
ئۈزۈلمەيدۇ روھىمدىكى ئۇمىد تومۇرى .
ئېلىپ كەتكىن بارلىقىمنى كۆلكەڭگە قوشۇپ ،
قالسۇن ماڭا قەلبىمدىكى ئازاب ھوزۇرى .



# قاغجىراش

رېئاللىق ئۇرۇلماقتا تەكرار ـ تەكرار ،
ئىپلاس تۈن يېپىنجىتقان گۈزەللىككە .
ئاچمىغىن كۆزلىرىڭنى يوچۇن ئادەم ،
يۈرەكلەر شۇنچە ۋەھشىي چەيلەنمەكتە .

سۆيۈملۈك تۇيۇلامدۇ چۇۋۇلغان چاچ ،
شىۋىرغان پۇراپ تۇرغان تەبىئەتكە .
ئاۋايلاپ تۇتۇپ باققىن بۇ دۇنيانى ،
ئوخشامدۇ تۇيغۇڭدىكى ھەقىقەتكە ؟

شۇ ئىسسىق تاۋۇشلارنىڭ سەرسانلىقى ،
بىلىمەن چوقۇم ساڭا تونۇش ئەمەس .
باغرىڭغا باسالمايسەن كۆچەپ ـ كۆچەپ ،
بىر قىزچاق كۆلۈپ كەلسە بولغانچە مەست . . .
تۆكۈلەر كۆزۈڭدىن ئازاب ۋە ھۇزۇر ،
قىرىق تال ئۆرۈلگەن چېچىمنى ساناپ .

شۇ قابىل قولۇڭدا پۈتۈلەر قىسمەت ،
ئاھ نورۇز سەن ئۈچۈن پاياندار ئالەم .
سەندىدۇر نەسلىمنىڭ قېنى ھەم جېنى ،
سەن مېنىڭ ئاق ئاتقا مىنگەن شاھزادەم .

# كۈز يامغۇرى

سىگىشتى ئەتراپقا ھال رەڭ مۇزىكا ،
پاتقاقلار چېچەكلەپ كەتتى يېقىملىق .
رىشاتكا ، ۋېلسىپىت ، گۈلخانلىق بارماق ،
كۆرۈندى يىراقتىن خىرە ۋە ئېنىق .

ئۇرۇلدى كۆزنەككە سوغۇق تەبەسسۇم ،
بىمالال تىترىدى خۇمارلىق ئازاب .
چايقالدى تەبىئەت ئاران ۋە ئاران ،
ئاھ ، تونۇش سەزگۈلەر تۆكۈلسە قاناپ .

قاراپلا كۆزۈمنى يۇمدۇم ئەسەبىي ،
قېنى سەن مەندەكلا يالغۇز ئورۇندۇق .
سوغدالغان ياردەك قاقشال تېرىكىم ،
ئېيت سېنى تاشلىدى قايسى قول يۇلۇپ ؟

ياشتەكلا لەيلىشىپ كەلمەكتە ھەممە ،
ئىسسىق قان دېغىدەك قەلبىمگە قەدەر .
بويتاق بىر يىگىتنىڭ خىياللىرىدەك ،
سۆيۈملۈك بوپقالدى يەنە بۇ شەھەر .



ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تادرېسى

# قۇرۇقدىلىپ قىلىش

قىز كۆچۈرۈش ماشىنىسى ئۆتۈپ كەتتى ،
كۆكلىمەكتە يۇرەكلەردىن قەھەتچىلىك .
قاقشال بولغان كىرپىكلەرنىڭ پايانى يوق ،
ئادەملەرنىڭ ئۇستۇبېشى چىلىق ـ چىلىق .

غالجىر تەننىڭ شۇنچە يۇمران چاقنىشىدا ،
قانغىنى لەۋ ئەمەس ، ئاھ چىشتۇر چوقۇم .
نېمىلەردىن كەچكەنلىكىم بىلىنمەيدۇ ،
گۇپۇلدىسە سوغ ھاياجان يۇتۇم ـ يۇتۇم .

سۆيەلمەيمەن ئۆزۈمنىمۇ قېنىپ ـ قېنىپ ،
ئەخلاق ، كۆڭۈل چەكسىز خورلۇق گۆرىستانى ،
دەسسەپ ، چەيلەپ مېڭىۋەردىم رېئاللىقنى ،
سۆيۈملۈكمەن ئۆتكۈزسەمۇ شۇ گۇناھنى .

www.uyghurkitap.com

# ۋاقىت سىزىقى

قارامىلىق قىلىشقا بارمايدۇ رايىم ،
كۆڭۈللۈك ئۈنىڭدىن چۈشىن ئۆلتۈرۈش .
دېرىزە سىرتىدا ئۇنتۇلغان ئاسمان ،
سىغدايدۇ مېھرىمگە ئىسسىق بىر كۈلۈش .


تالاغا كىيىمسىز چىقىپ باقمىدىم ،
تېرەكلەر قاقىلىنىپ تۇرار ئاپتاپقا .
بىلىمەن دۇنيادا مەن ئۈچۈن يەنە ،
ۋاقتىمۇ چىرىيدۇ ئاستا بەك ئاستا .



# تۇغۇلغان كۈنۈم خاتىرىسىگە

غالجىرلىق قىستايدۇ بارلىقىمنى ئاھ،
بىلمەن بۇ مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم.
تەبىئەت چىلىشىپ كېتىدۇ قانغا،
بىز ماڭغان يوللارغا سوزۇلسا ئۈنۈم.

ئاۋايلاپ تۇتىمەن ئالىقانلىرىمغا،
يارىدەك ۋىلىلداپ قالغان شۇ ئىزنى.
سەن ئەمەس دېيىشكە يەتمەيدۇ قۇربۇڭ،
دەرەخ كاۋىكىدا ئولتۇرغان قىزنى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## يوشۇرما تەبىئەت ئادەملىكىمنى

بۇ يىلنىڭ ئاپتىپى ئۆچمەكتە ئىللىق ،
قۇرىغان شاخلارنى سىلكىمەس ھېچكىم .
قار يېغىپ باقمىدى تا بۈگۈنگىچە ،
بۇ كۈنلەر شۇنداقلا ئۇنتۇلار بەلكىم .

كىمگىدۇر خوش دەپ دەپ كۆتۈرگەنتىم قول ،
يول بويى تاكسىلار كەتتى جىمىرلاپ .
يوشۇرما تەبىئەت ئادەملىكىمنى ،
جىنايەت مەۋسۇمى كەلدى يېقىنلاپ .



## سۈرگۈن دەرىخى

بۇ يەردە پېژىلداپ كۆيىدۇ ئەقىل ،
ئازابسىز ئۇنتۇلار ۋاقىت سىزىقى ۔
تۆكۈلگەن كىرپىكىمنى ئاۋايلاپ ئېلىپ ،
يازىمەن مېھرىمگە ئۇيغۇر يېزىقى .

كۆرۈنەر يەنىلا شەھۋەتسىز تاملار ،
كېچىدەك سۆيۈملۈك ، كېچىدەك ئۇلۇغ .
قايناق سۇ قۇيۇلغان پىيالىلەرگە ،
كۆز ياشتەك سۈزۈلۈپ چۆكۈپ بارار دۇغ .

قىز ھىدى يوقالغان ناتىۋان شەھەر ،
تاشلىنار باغرىمغا ئۈنسىز يارلىنىپ .
رازىمەن سېنىڭدىن ، قىسمەتلىرىمدىن ،
سىلكىنەر ياپراقلار تاشقا ئايلىنىپ .

## سىنىڭ مەھەللەڭ

### يىراقتىكى ئوت

ئاقماقتا ئاملارنىڭ ئاراچىلىرىغا ،
قۇياشلىق كۈندۈزدەك ھالال تەبىئەت .
بارماقلار سۆزلىسە سۈنىڭ رەڭگىدە ،
تەپچىرەر ئەتراپتىن چوڭقۇر بىر لەززەت .

تۈيغۇڭدەك تىترەيدۇ ھاۋادا نەپەس ،
يەنىلا سۆيۈملۈك يالاڭ ئاياغ پۇت .
گۈزەل بىر تەشۋىشكە ئوخشايدۇ كۆزلەر ،
كۆرىمەن ئۆزۈمنى ئاستا ئۇنتۇمتۇت .

نەملەنگەن كىرپىكتەك نەمخۇش مايسىدىن ،
مۇڭلۇق بىر ئىپچىرقاش ساقىيدۇ سىم - سىم .
بىلىمەن ، مۇشۇنداق ساگا بىر ئۆمۈر ،
بىمالال يېقىنلاپ بارىمەن بەلكىم .

تەر ھىدى ھورلىنار قىزغىن ، بەك قىزغىن ،
جاراھەت چېچىكى توزۇيدۇ لەرزان .
ئاق ئوغلاق ، قىرلاردا يۈرىيدۇ ئوتلاپ ،
يۇگلىرى شۇ قەدەر ئىسسىق ھەم يۇمران .

سەھەردەك نۇرلانغان تۇياقلىرىدا ،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

جىمىرلاپ تۇرىدۇ بىر تامچىلا قان .
ئادەملەر توپىغا قالار قوشۇلۇپ ،
مەسچىت ئىشىكىدىن ئۆتكەندە شۇئان .

جىمجىتلىق پۇچۇلار تەنلەرنى قات ـ قات .
لەۋلەردە بۇژغۇنلار چەكسىز ئاراملىق .
بورىنىڭ ھىدىنى پۇراپ باق قېنىپ ،
ھىلالدەك ئېگىلىپ تۇرار قاراملىق .

## يېشىل يول

سۇس تۇمان يېلىنجاپ كۆيەر يېقىملىق ،
رىزقىنىڭ شېخىدىن كۆكلەر ساراسىم .
قۇشلارغا قونغۇدەك قونداق بار بۇندا ،
ئۇنتۇلغان چۇشىنى ساتمايدۇ ھېچكىم .

ياپراقلار سۈت پۇراپ تۇرىدۇ قېنىق ،
تۆكۈلگەن نۇرلاردا چەكسىز ھاياجان .
ئۇلۇغ بىر كۈندەكلا ساقاللىق بوۋاي ،
ياندىشىپ تېپىغا ئالماقتا خامان .

شامالنىڭ قىيامى سىڭەر يۈرەككە ،
باغرىڭدەك ئېچىلسا باغنىڭ ئىشىكى .
بولدۇقلاپ يامرايدۇ يېشىل تەنلىك قىز ،
گۈل بىلەن لىق تولغان ئۇنىڭ ئېتىكى .

قاناتتەك سىلكىنىپ ئۇنلەيدۇ تىلەك ،

www.uyghurkitap.com

شىلدىرلار ئېرىقتا سۈزۈك رىۋايەت .
قوۋزىقى قۇرىغان كۆتەكمۇ بۇدەم ،
ئۈيىدۇ مېھرىمگە گۈزەل جىنايەت .

تاماكا قالدۇقى پىژىلدار جىمجىت ،
سۆيۈملۈك بويناقنىڭ كۆيمەكتە كۆزى .
كۈلكىمىز سوزۇلسا ئۇزۇندىن ــ ئۇزۇن .
بىزئۈچۈن تىن ئالدى خۇدانىڭ ئۆزى .

سايىدىكى ئادەم

قاسىراقتەك سۈزۈك ھەم يۇمران بۇ ئەتراپ ،
ۋاقتىنىڭ قۇترىشى لەرزان شۇ قەدەر .
ئازابلىق كۆرۈنۈشلەر ، ئازابلىق ئۇنتۇش ،
نامەلۇم تىنىقتا ئۇزايدۇ شەھەر .

رەشىكسىز خىيالدۇر گۈلگۈن تىۋىشلار ،
ئەركىنلىكنى باغرىمغا ئۇيۇتقىن ئۇيۇت .
تۆكۈلسۇن گۈل بولۇپ تۆكۈلسۇن ساڭا ،
يىقىلىپ قىرلاردا ئېرىگەن ۋۇجۇد .

قەلبىمىز سىرتىدا يوقتۇر ھېچنېمە ،
ئېھ ، مەيىن كۆپچۈيدۇ يېشىل تىنىقىم .
سىلكىنىپ ــ سىلكىنىپ تەرلىمەكتە ساي ،
سىڭىشەر ساڭىلا مېنىڭ قىلىقىم .

قەدەملەر ئوت ئاچار قۇمساڭغۇ يولدا ،
ناخشىلار بۇقۇلداپ ئەۋجىسە رەت ــ رەت .

ئىز سىلىپ كېلىۋاتقان چەكسىز ئۈمىدنى ،
كۆرمىسەڭ كۆرمىگىن ، سۆي ئىنسانىيەت .

چىڭقىلىپ تولماقتا ئايمۇ لىقمۇ لىق ،
كېچىلەر بىز ئۈچۈن بولماقتا چۇل ـ چۇل .
مەڭگۈلۈك بىر كۈچنىڭ ئىسسىق شولىسى ،
پاكلانغان دەملەرگە چۈشمەكتە ئۈدۈل .

## قەدىر كېچىسى

چايقىلار سۈكۈتنىڭ قويۇق چاچلىرى ،
يېشىللىق كۆكلىسە تىرناقلىرىمدىن .
ئازابسىز ياشاشنى ئويلاپ باقمىدىم ،
رېئاللىق ئۇرغۇيدۇ زىناقلىرىمدىن .

مېھرىمىز ئېچىرقاپ كۈتمەكتە بىزنى ،
تاملارنىڭ كەينىدە چەكسىز كەتكەن تام .
لال بولۇپ تىترىسە هايات قىرغىقى ،
ئېلىپ كەت ئەركىمدىن سەنلا بىر تۇتام .

بۇ كېچە ئۈمىدنىڭ باشلىمى ئەمەس ،
ۋەياكى ئازابنىڭ ئاداققى چېكى .
شۇندىمۇ هويلىمىز بوش ئەمەس بىزنىڭ ،
باغلاقلىق ئۈنىڭغا ئوغۇزنىڭ ئېتى .

قىسمەتلەر يەنىلا بىزگە ياندىشىپ ،
كۆۋرۈكسىز دەريادىن ئۆتىدۇ كېچىپ .
بىر تال گۈل ـــ بىرلا جان ، بىر يېشىل قۇشقاچ

خىياللار مەۋجىدە كېلىدۇ ئېقىپ .

قايسىغا بىمالال ئاچىمىز قۇچاق ،
بىلىسەن سەۋرىسىز پۇرسەتلەر تالاي .
ئېسىڭدە شۇندىمۇ بىز ئۇچۇن هامان ،
ئۇلۇغدۇر توققۇز ئاي ، توققۇزىنچى ئاي .

### توغراق پەرىشتە

ئاۋازىم قاراسلاپ سۇنماقتا تاتلىق ،
سانجىلار باغرىمغا ئوتلۇق بىر قەدەم .
يەردىكى شەبنەمدىن ئۆرلىمەكتە هور ،
سىزىلەر بىزگىلا ئازابتىكى تەم ،

ئاھ ، هېچكىم مەن كەبى سالالماس تەهدىت ،
مېهرىڭدە بىر ئۆمۈر چاراسلاپ تۇرۇپ .
ئاقىدۇ كۆزۈڭدىن قېنىم بىمالال ،
قالسا گەر راستتىنلا چانىقلىك قۇرۇپ .

ئۈزۈلەر يۇلتۇزىمۇ تەكرار ۋە تەكرار ،
يىرتىلغان پايپاقتەك سۆيۈملۈك ھەممە .
گۇۋاھتۇر يارالمىش ، گۇۋاھتۇر پۈتمىش ،
يۈرەكلەر بېغىشدا يوقتۇر ۋەھىمە .

ئارمانىڭ قۇملارغا چۆكسە قۇت بولۇپ ،
كېچىنىڭ بارمىقى قانار يارىلىنىپ .
سەن سۆيگەن سۆيۈملۈك قىساسكار بىر قىز ،
تۇيۇقسىز توغراققا قالار ئايلىنىپ .

[General Information]
书名=复仇的美女　维吾尔文
SS号=40293878